«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاق يىتۈپ كەتتى




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# پىلچاق يىتتۈپ كەتتى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

小不点儿.小不点走丢了：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12
ISBN 978-7-5469-7830-7

Ⅰ.①小… Ⅱ.①新… ②龙… ③帕… Ⅲ.①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ.①I287.8


中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280874 号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：米哈日班·努尔艾合买提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　　名　小不点儿绘本丛书 —— 小不点走丢了（维吾尔文）
译　　者　帕丽达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司
开　　本　889 mm × 1194 mm　1/16
印　　张　2
版　　次　2015 年 12 月第 1 版
印　　次　2017 年 12 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7830-7
定　　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

www.uyghurkitap.com



بۇرۇننىڭ بۇرۇنسىدا ئىنتايىن كىچىك بىر پىل بالىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ باش بارماقتەكلا كېلىدىغان جۇغىنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنى «پىل» دەپ ئاتاشقا تىلى بارمايدىكەن. بىراق سەپسېلىپ قارىغاندىلا، ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرنىنى، يەلپۈگۈچكە ئوخشاش ئىككى قۇلقىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنى پىلچاق دەپ ئاتايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

پىلچاق تۇغۇلۇپ ئىككىنچى كۈنىلا، ئوتلاقتا يېتىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىزدەپتۇ، بىراق ھەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ.

پىل توپىنىڭ بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پىل دادا بىلەن پىل ئانا ئازابىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئامالسىزلىقتىن پىللارغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.





www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە، پىلچاق يوغان بىر يوپۇرماقنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قالغانىكەن. ئۇ، كۈن چۈش بولۇپ، قۇياش تىك چۈشكەن چاغدا ئويغىنىپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپقا قاراپ بىر نەرسىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ. زادى نېمە كەمدۇ؟ ئۇ نېمىنىڭ كەملىكىنى بىلەلمەپتۇ، بىراق توساتتىنلا ناھايىتى يالغۇزلۇق ھېس قىلىپتۇ.





پىلچاق ئورنىدىن تۇرۇپ، يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

بۇ چاغدا، يىراقتىن بىر ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كەپتۇ. ۋوي، ئۇ ھەرە پىلچاققا ئوخشىشىپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ گۈل چاڭلىرىنى سۈمۈرىدىغان ئاغزى پىلچاقنىڭ ئۇزۇن بۇرنىغا ئوخشايدىكەن.

پىلچاق خۇشاللىقىدىن ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ھەسەل ھەرىسى بولسا ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

پىلچاق ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىگە قاراپ قاپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلچاق توختىماي مېڭىپ يەنە بىر ئورمانلىققا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەردە بىر قۇلۇلە بار ئىكەن. پىلچاق بۇرنىنى قۇلۇلىگە ئوخشاش يۆگۈۋېلىپ، قۇلۇلىغا ئاستا يېقىنلىشىپتۇ. كىم بىلسۇن، قۇلۇلە «شارت»تىدە قىلىپ، بېشىنى قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. پىلچاق قۇلۇلە قېپىنى يېنىك ئىتتىرىپ، بوش ئاۋازدا: «ياخشىمۇسىز!» دەپتۇ.

لېكىن قۇلۇلە قاپىنىڭ ئىچىگە تۈگۈلۈۋېلىپ چىققىلى ئۇنىماپتۇ.

پىلچاق ئامالسىزلىقتىن كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى
www.uyghurkitap.com

پلچاق كەڭرى بر يايلاقتا تۆت قارا چېكەتكە بلەن بر پاقنى ئۇچرتپ قاپتۇ. بۇ بەشى بر مۇزىكا ئەترتى قۇرغانكەن.

ــ ۋوي، سەن قانداق هايۋان؟ ــ دەپ سوراپتۇ قارا چېكەتكە پلچاقتن، ــ سەن ئۇزۇن بۇرنۇڭ بلەن ساز چالالامسەن؟

ــ بلمەيمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرپتۇ پلچاق.

ــ بۇرنۇڭدا پۈۋلەپ سناپ باقە! قارسام بۇرنۇڭ كانايغا بەك ئوخششدكەن، ــ دەپتۇ پاقا.

پلچاق كۈچەپ بر پۈۋلەپتكەن، ئۇنڭ بۇرندن شۇنداق يېقملق بر ئاۋاز چقپ، بۇلۇتلار ئارسدا ياڭراپتۇ.

ئۇلارنڭ مۇزىكا ئەترتدە كانايچدن بىرى كەم بولغاچقا، بۇنى كۆرگەن بەش شاكچك خۇشاللقدن ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.





www.uyghurkitap.com



شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە، پىلچاق مۇزىكا ئەترىتىگە ئەگىشىپ، يايلاقتا سەييارە ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپتۇ. ئۇلار كېپىنەكنىڭ توي مۇراسىمىدا مۇزىكا ئورۇنلاپتۇ، يەنە تېخى بىرنەچچە مەيدان مۇزىكا كېچىلىكىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ.




پىلچاق بۇرنىدا ئۇلارنىڭ مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىدىكەن. ئۇ مۇشۇنداق مۇزىكانتلار بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ ھەم ئۆزى يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ھېس قىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن ئۈچ ھەپتە ھەمكارلاشقاندىن كېيىن، پىلچاق مۇزىكا ئەترىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازى كۈندىن ـ كۈنگە جاراڭلىق چىقىپ، قارا چېكەتكە بىلەن پاقىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كېتىپتۇ. لېكىن بۇ پىلچاقنىڭ چوڭ بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. ئۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق جاراڭلىق چىققانىكەن.

پىلچاق ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن، مۇزىكا ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە ئويۇن قويالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇزىكانت دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپتۇ.





ئۇ يەنە يالغۇز قاپتۇ، ئۇنى غېربلق بېسىپ، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كېتىپتۇ.


ئۇ يايلاقتا مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، تۇيۇقسىز يىراق بىر يەردە تۆگە قۇشىنىڭ تۇخۇمنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ تۇخۇملار ئۇنىڭ كۆزىگە كىچىك پىلغا ئوخشاش كۆرۈنۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بۇ تۆگە قۇش تۇخۇملىرىنىڭ يا بۇرنى يوقكەن، يا گەپ قىلالمايدىكەن. پىلچاق ئۈۋۈغا كىرىپ، تۆگە قۇش تۇخۇمىغا يېپىشىپ يېتىپتۇ.

ئۇ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.
ئۇ بىر دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ، ئىچى پۇشۇپ بىئارام بولغان ھالدا دەريا سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇنىڭدىن سەل يىراق يەردە، ئىككى كىچىك چاشقان بۇ پىلچاقنى كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانىكەن.

— نېمىشقا شۇنچە ئازابلىنىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كىچىك چاشقان ئۇنىڭدىن.


— ھەي، مەنمۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ پىلچاق ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە، ئىككى چاشقان رەسىم سىزىدىغان قەلەمدىن ئىككىنى ۋە بىرمۇنچە بوياقلارنى تەييار قىلىپتۇ.

— چىرايلىق رەڭلەر سېنىڭ ئازابلارنى ئۇنتۇشۇڭغا ياردەم بېرىدۇ! — دەپتۇ چاشقانلار پىلچاقنىڭ بەدىنىگە ھەر خىل رەڭلەردە رەسىم سىزغاچ.

پىلچاق ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىگە قاراپ قويۇپتۇ.

لېكىن بۇمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا ھېچقانداق تەسىر قىلالماپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




پىلچاق دەريا بويىنى بويلاپ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ.

تۇساتتىن ئۇ بىر قۇشنىڭ دەريانىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن پىلچاق ئۆزىنىڭمۇ ئۇچالايدىغان ـ ئۇچالمايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، بىر دەرەخنىڭ شېخىغا يامىشىپ چىقىپ، پەسكە شۇنداق سەكرەپتىكەن، «پولتوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




تەلىيىگە يارىشا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر تاشپاقا ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ، بولمىسا ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالاتتىكەن.

— مېنىڭ دۈمبەمگە چىقىۋال! نېمىشقا دەرياغا سەكرەيسەن؟ — دەپتۇ تاشپاقا.

پىلچاق بېشىدىن ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى تاشپاقىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



تاشپاقىنىڭ بېشىدىن جىق ئىش ئۆتكەن، باغرى يۇمشاق ئىكەن. ئۇ پىلچاقنى دۈمبىسىگە مىنگەشتۈرۈپ، ئەر - خوتۇن بېگېموتلارنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپىرىپتۇ.





ئەر - خوتۇن بېگېموتلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ئۇلار تاشپاقىنىڭ كىچىك بىر پىلچاقنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالەمچە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلچاق، بۇ ئەر ـ خوتۇن بېگېموتلارنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئەر ـ خوتۇن بېگېموتلار بىلەن بىللە تۇرۇشنى چىن دىلىدىن خالاپتۇ. ئۇلار بۇ پىلچاققا ئىنتايىن ياخشى مۇئامىلە قىلىپتۇ، بۇ دەل پىلچاقنىڭ ئۆزىنىڭ بىرى ئۈمىد قىلغان يېرىدىن چىقىپتۇ.


يەنە تېخى ئۇلارمۇ پىلچاققا ئوخشاش يۇپيۇمىلاق بولۇپ، يەلپۈگۈچتەك يوغان ئىككى قۇلىقى، ئۇزۇن تۇمشۇقى بار ئىكەن.






ئۇزۇن ئۆتمەي، پىلچاق ئۇلارنى يېقىنچىلىق بىلەن «دادا، ئاپا» دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇ بۇ ئەر ـ خوتۇن بېگېموتلارنىڭ يېنىدا بىر ئۆمۈر تۇرۇشنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى




كېچىدە، ئەر ـ خوتۇن بېگېموتلار پىلچاق توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. «بۇ پىلچاققا ئۆزىنىڭ بىر پىل ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ بالىمىز ئەمەسلىكىنى دېسەك بولارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ ئەركەك بېگېموت ھەمراھىدىن.



— ئۇنداق قىلمايلى، — دەپتۇ چىشى بېگېموت ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، — ئۇنىڭغا ئېيتمايلى، بەلكىم ھازىر ئۇنىڭغا بۇنى دېسەك تازا ياخشى بولمايدۇ، كېيىنرەك بىر نېمە دەيلى، ناھايىتى، ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن دەيلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمما، بۇ ئۇنچىۋالامۇ مۇھىم ئىشمۇ ئەمەس، توغرىمۇ؟

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىنا دىلمۇرات
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىبان نۇرئەخمەت

**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

**«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

# پىلچاق يۇتۇپ كەتتى

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830091
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**باسقۇچى:** شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تاراتقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 2
**نەشرى:** 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 7830 - 7
**باھاسى:** 10.00 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 978-7-5469-7830-7
9 787546 978307 >
定价：10.00元

دۇدۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com